# هۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنىڭ هۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

# حكم عمليات التجميل

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات هەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1430 – 2009

islamhouse.com

# ھۆسن تۇزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنىڭ ھۆكمى

47694- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بۇرنۇمنى گۈزەللەشتۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرماقچى ئىدىم، بۇنداق قىلىش ھاراممۇ؟ بۇ سەۋەبلىك ئىچىم بەك پۇشۇق، ئوپېراتسىيە قىلدۇرمىسام بەلكى كېلىچەك ھاياتىمغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. دوختۇرلارمۇ ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەكلىكىنى دەيدۇ؟.

جاۋاب:

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر.

ھۆسن تۇزەش ئوپېراتسىيىسى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: زۆرۈر بولغان ھۆسن تۇزەش ئوپېراتسىيىسى. بۇ ئىنسان جىسمىدىكى مەلۇم ئەيىبلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدۇ، بۇ كېسەللىك ياكى قاتناش ھادىسىسى، كۆيۈك سەۋەبلىك، پۇت قولنىڭ بارماقلىرى ئارتۇق تۇغۇلغان بولسا، مەزكۇر بارماقنى كېسىۋېتىش ياكى قوش بارماقنى ئاجرىتىشقا ئوخشاش ئىنساننىڭ گۈزەللىكىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەيىبلەرنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇ تۈردىكى ھۆسن تۇزەش ئوپېراتسىيىسىنى قىلدۇرۇشتا، ئەيىب ئىگىسى ئاللاھنىڭ يارىتىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلمىغاندا بۇ تۈردىكى ئوپېراتسىيىنى قىلىش جايىزدۇر. بۇ سۆزىمىزنى كۈچلەندۈرىدىغان ھەدىسلەرمۇ بايان قىلىنغان.

«ئەرپەجە ئىبنى ئەسئەدنىڭ بۇرنى، جاھىلىيەت دەۋرىدە يۈز بەرگەن بىر ئۇرۇشتا جاراھەتلەنگەن بولۇپ، كۈمۈش بۇرۇن سالدۇرغاندا بۇرنى ئۆزگە سېسىق پۇرايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالتۇندىن بۇرۇن سالدۇرۇشقا بۇيرىغان» بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانى "ئىرۋائۇلغەلىل" ناملىق ئەسىرىنىڭ 824-نومۇرلۇق ھەدىستە ياخشى ھەدىس دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، قىشىنى تەردۇرگەن ۋە تىرىپ قويغان، تېخىمۇ گۈزەل بولىمەن دەپ ساق چىشلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئاچقۇزغان ئاياللارغا لەنەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم دەپ رىۋايەت قىلىدۇ» بۇ ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام نەۋەۋىي يۇقىرىقى ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «تېخىمۇ گۈزەل بولىمەن دەپ ساق چىشلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئاچقۇزغان ئاياللارغا لەنەت» دېگەن سۆزى، گۈزەللىكنى مەقسەت قىلىپ قىلغانلارغا قىلىنغان لەنەتتۇر. ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ياكى چىشلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىك دەپ قارالغان ۋاقىتتا قىلدۇرسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر".

ئىككىنچى: چىرايلىق بولۇشنى مەقسەت قىلىپ، ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش بولۇپ، چوڭ بۇرۇننى كىچىك قىلىش، كۆكسىنى چوڭايتىش ياكى كىچىكلەشتۈرۈش، قورۇق يوقۇتۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئوپېراتسىيىلەردىن ئىبارەت.

بۇ تۇردىكى ئوپېراتسىيىنى قىلىش مەلۇم زۆرۈرىيەت ياكى ھاجەتتىن بولماستىن، بەلكى ئاللاھ ياراتقان شەكىلنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلغانلىق بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەس شەھۋەتلىرىگە ئەگىشىپ، ئاللاھنىڭ يارىتىش شەكلى بىلەن ئويناشقانلىقى ياكى مەڭستىمىگەنلىكى بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش توغرا ئەمەس ۋە شەرىئەتتە ھارام دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ يارىتىش شەكلىنى ئۆزگەرتكەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھنى قويۇپ، پەقەت (ئۆزلىرى) چىشى (ناملار بىلەن ئاتىۋالغان) بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقان شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھ شەيتاننى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، شەيتان ئېيتتى: «مەن ئەلۋەتتە سېنىڭ بەندىلىرىڭدىن مۇئەييەن ساندىكىلەرنى ئىگىلەيمەن. شۇنداقلا چوقۇم ئۇلارنى ئازدۇرىمەن، ئۇلارنى خام خىيال قىلدۇرىمەن (يەنى ھايات ئۇزۇن، قىيامەت، ھېساب ئېلىش يوق دېگەندەك باتىل ئەقىدىلەرنى كۆڭلىگە سالىمەن)، ئۇلارنى چوقۇم چاھار پايلارنىڭ (بۇتلارغا نەزىر قىلىپ بەلگە ئۈچۈن) قۇلاقلىرىنى يېرىشقا بۇيرۇيمەن، ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە (يەنى قۇللارنى ئاختا قىلىش، ئۇلارغا مەڭ ئويدۇرۇشقا ئوخشاش) ئىشلارغا بۇيرۇيمەن». كىمكى ئاللاھنى قويۇپ شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچۇق زىيان تارتقان بولىدۇ» سۈرە نىسا 117-118-119ئايەتلەر.

دېمەك؛ شەيتان بەندىلەرنى ئاللاھنىڭ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيدۇ. ( بۇنىڭدىنمۇ تەپسىلىراق بىلىشنى ئىستىگەنلەر مۇھەممەد

مۇختار شەنقىيتىنىڭ "تىببى ئوپېراتسىيىگە ئائىت ئەھكاملار" ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلىسۇن).

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىيىندىن ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆگۈنۈشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

ھۆسن تۈزەش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: مەلۇم ھادىسىلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئەيىبلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، بۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۇرۇشتا بۇرنى كېسىلگەن ئادەمنى ئالتۇندىن بۇرۇن سالدۇرۇشقا بۇيرىغان.

ئىككىنچى: مەلۇم ھادىسىلەر سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئەيىبلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى گۈزەللىكنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ بۇنداق قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىسمىدىكى مەلۇم ئەيىبلەرنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن، تېخىمۇ گۈزەل بولۇشنى مەقسەت قىلىپ، ئاللاھ ياراتقان شەكىلنى ئۆزگەرتىپ، قېشىنى تەردۈرگەن ۋە تېرىپ قويغان، چىشلىرىنىڭ ئارىلىقىنى ئاچقۇزغان، چاچ سالدۇرغان ۋە سىلىپ قويغان، بەدەنلىرىگە ھەر خىل رەسىم، خەت ۋە مەڭ چەكتۈرگەن ۋە چېكىپ قويغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان.

ئەمما ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىشنى ئۆگۈنۈش، پاكۇلتېتنىڭ دەرس پروگراممىسىدا بولىدىكەن، بۇنى ئۆگۈنۈشنىڭ زىيىنى يوق. لېكىن باشقىلار تەلەپ قىلغاندا، بۇ بىلىمنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك، بەلكى ئوپېراتسىيىنى تەلەپ قىلغان كىشىگە نەسىھەت قىلىپ، بۇ

تەلىپىدىن ياندۇرۇشى لازىم. چۈنكى كۆپلىگەن ۋاقىتلاردا دوختۇرنىڭ نەسىھىتى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ئىنسان جىسمىدا ئەيىب- ياكى كۆرۈمسىزلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسا، بۇ ئەيىبنى يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلىپ ھۆسن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرسا بولىدۇ. ئەمما گۈزەللىكنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش دۇرۇس ئەمەس.

ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.